# 233471 ـ بىر كىشىنىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭغا ۋاكالەتەن مىلىنىڭ زاكىتىنى ئاشلىق سېتىۋېلىپ بەرگەن بولسا بۇ دۇرۇس بولامدۇ؟

## سۇئال

رامىزاندا مېلىمنىڭ زاكىتىنى ئايرىمەن، ھىجرىيە 1436-يىلى زاكاتنى يەمەننىڭ تەئىز شەھرىدىكى بىر يىزىغا ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن مېنىڭ ۋەكىلىم پۇلغا بۇغداي ئۇنى دېگەندەك ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئۇنى ئېھتىياجلىق بولغان ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ، باشقىلارغا نەخ پۇلدىن بېرىپتۇ، مەن بۇ زاكاتنى قايتىدىن ئادا قىلامدىمەن ياكى ئاشلىق بولسىمۇ بۇنىڭ بىلەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

نەخ پۇلنىڭ زاكىتى نەخ پۇل بولىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاشلىق دېگەندەك يېمەكلىك بەرسە توغرا بولمايدۇ، پەقەت نەخ پۇلنىڭ ئورنىغا ئاشلىق، يېمەكلىك بېرىشكە جىددى ئېھتىياج بولۇپ قالسا ئۇ ۋاقىتتا دۇرۇس بولىدۇ. بىز بۇنىڭ تەپسىلاتىنى 138684 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلدۇق.

شۇنىڭغا ئاساسەن: زاكات پۇلنى ئاشلىق، يېمەكلىكلەرگە ئالماشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان كۆچلۈك مەسلىھەت بولسا، گوياكى كەمبەغەلنى ئەقىلسىز، ئەخمەق، پۇل بەرسە ياخشى سەرپ قىلالمايدۇ، مۇناسىپ ئورۇنغا ئىشلەتمەي، زايە قىلىۋېتىدۇ ياكى ئۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجىدىن ئاشلىق، يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياجى كۆچلۈك، پۇل بولسىمۇ ئاشلىق بەك كۆپ تېپىلمايدىغان ياكى كەمبەغەلنىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجىدىن ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجى بەك كۆچلۈك ياكى كەمبەغەل ۋەكىلگە پۇلغا ئاشلىق سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، شۇنداق ئەھۋاللاردا ۋەكىل مۇشۇ ھاجەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ زاكاتقا ئاشلىق، يېمەكلىكلەردىن بەرسە، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى توغرا ۋە دۇرۇس بولىدۇ.

لېكىن ۋەكىل بۇنى پەقەت ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قىلىشى كېرەك.

ئەمما بۇ يەردە زاكات پۇلنى ئاشلىق، يېمەكلىكلەرگە ئالماشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان كۆچلۈك مەسلىھەت بولمىسىمۇ، لېكىن ۋەكىل بۇنى ئۆزى ياخشى دەپ قاراپ، ۋەكىل قىلغۇچىغا مەلۇم قىلمايلا پۇلغا ئاشلىق ئېلىپ بېرىۋەتكەن بولسا، ۋەكىل قىلغۇچى ۋەكىلنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىپ بەرگەن زاكاتنى قايتىدىن نەخ پۇل بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

بۇ ھالەتتە خاتالىقنى ۋەكىل ئۆستىگە ئالىدۇ، ئاشلىق سېتىۋالغان پۇلنى ۋەكىل قىلغۇچىغا قايتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى باشقىلارنىڭ مېلىدا، مال ئىگىسىنىڭ رۇختىسىز تەسەررۇپ قىلغان.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ۋەكىل ئاغزاكى بولسۇن ياكى ئۆرپ-ئادەت تەرەپتىن بولسۇن، پەقەت ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان كىشىنىڭ رۇخسەت قىلغان دائىرىسىدە تەسەررۇپ قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى رۇخسەت بىلەن بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئىشقا خاس بولىدۇ". [ئە ل مۇغنى 5 ـ توم 95 ـ بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.